يېڭى باشلىنىش  يېڭى مۇساپە

# ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، كۈچ توپلاش

ــــ ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى خوتەن ۋىلايىتى، قومۇل شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ لېكسىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلار بىلەن يۈزتۇرا ھەمتۇرتكىلىك پىكىر ئالماشتۇرۇپ، چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە، كۈچ توپلاشقا تۈرتكە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىقات ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ما جيەنخۇا قومۇل شەھىرىدە لېكسىيە دوكلاتى بەردى. دوكلات باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىلمىي، سىستېمىلىق، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك شەرھلىدى، چۈشەندۈردى.

چۈشتىن كېيىن، ما جيەنخۇا ئېيۇرغول رايونىنىڭ شەھەرئىچى يېزىسىغا بېرىپ لېكسىيە دوكلاتى بەردى ھەم يېزا ئورگان كادىرلىرى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىرى، يۇقىرى لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر قاتارلىقلار بىلەن ھەمتۇرتكىلىك پىكىر ئالماشتۇردى.

«بۇ قېتىمقى لېكسىيە ئارقىلىق، مەن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇم، مەن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر سىستېمىلىق ئۆگىنىش بىلەن بىللە ھەر مىللەت ئاممىغا ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆگىنىش نەتىجىسىنى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىتىمەن» دېدى ئېيۇرغول رايونىنىڭ شەھەرئىچى يېزىسى ئالتۇن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئالىم ھەببۇل.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سالامەت مەمتىمىن خوتەن شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق چۈشەندۈردى.

«لېكسىيە ھەم ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىگەن، ھەم جانلىق، ئاممىباب بولۇپ، بىزنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلىرىمىزنى ئالغا سىلجىتىشىمىزغا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى»، دېدى خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى نەبىجان ئابدۇقادىر لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان ھالدا. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئومۇمىي يىغىن روھى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى پۇختا زىممىمىزگە ئېلىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نىسپىي نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىمىز، تاكامۇللاشتۇرىمىز».

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ ئاقسۇ شەھىرىدە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاكتېنى، ئاساسلىق نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ ئىلمىي، سىستېمىلىق، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك شەرھلىدى، چۈشەندۈردى.

سەھنىدە لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئەتراپلىق چۈشەندۈردى؛ سەھنە ئاستىدا ئاڭلىغۇچىلار پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇردى. ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملىنىۋاتىدۇ، ئىدىيە يۈكسىلىۋاتىدۇ. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كەڭ تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيمىز، كۈچ توپلايمىز.

**(مۇخبىر رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، پەرىزات ئابدۇل، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن دىڭ لىجۈن، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ئەن يەن، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ يۈك)**

# يۇقۇم ئالدىدا دوختۇرنىڭ ئۆزى جەڭچى

ــــ مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى گې شياۋخۇ توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى گې شياۋخۇغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يىل بېشىدا شىنجاڭنىڭ 3 ـ تۈركۈمدە خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ چوڭ بايرىقىنى قولىغا ئالغاندىن باشلاپ، «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش» دېگەن سۆز ئۇنىڭ كۈنتەرتىپ جەدۋىلىگە توشۇپ كەتتى…

54 كېچە ـ كۈندۈز، 1296 سائەت جاسارەت بىلەن توختىماي كۆرەش قىلىپ، 110 يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئېغىر ئاغرىقنى قۇتقۇزدى، داۋالىدى… گې شياۋخۇ ئەترەت باشلاپ خۇبېيغا ياردەم بېرىپ داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ، «جەڭدە غەلىبە قىلىش» «نۆل يۇقۇملىنىش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى، داۋالاش ئەترىتىنىڭ پارتىيە باش ياچېيكىسى «مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» بولۇپ باھالاندى، داۋالاش ئەترىتىگە «مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» «مەملىكەتلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

## خەۋپ ئالدىدا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش

«يۇقۇم ئالدىدا، خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىق ئالدىدا دوختۇرنىڭ ئۆزى جەڭچى، ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ، بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك»، دېدى گې شياۋخۇ.

يىل بېشىدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋۇخەندە يامىرىدى. «مېنىڭ تەجرىبەم بار، مەن باراي.» ۋېنچۈەن، يۈشۇدىكى يەر تەۋرەشتە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە قاتناشقان، مول قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تەجرىبىسىگە ئىگە گې شياۋخۇ بۇنىڭ بىر مەيدان جاپالىق جەڭ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش. ئەترەت يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن گې شياۋخۇ دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە، پۈتۈن دوختۇرخانىدا تىزىمغا ئالدۇرغان 1600دىن ئارتۇق كىشى ئىچىدىن ئېغىر كېسەل، نەپەس يولى كېسەللىكى قاتارلىق كەسىپلەردىكى سەرخىل دوختۇر ـ سېستىرالارنى تاللاپ چىقتى، 142 نەپەر «جەڭچى» ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرەلمەيلا ئەترەت يېتەكچىسىگە ئەگىشىپ «تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايمىز» دەپ قەسەم قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچ سائەت 11دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، داۋالاش ئەترىتى ۋۇخەنگە يېتىپ باردى.

گې شياۋخۇ مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا ئەڭ كۆپ ئويلىغىنىم قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىللە، ئەترەت ئەزالىرىمنىڭ بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ئۆيىگە ئامان ـ ئېسەن قايتۇرۇپ كېتىش ئىدى!»

ناھايىتى تېزلا، داۋالاش ئەترىتى «پۈتۈن ئىشتات بويىچە ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئەترەت بۆلۈمنى ھۆددىگە ئېلىش» ئەندىزىسى بويىچە ۋۇخەن داشۆ خەلق دوختۇرخانىسى شەرقىي دوختۇرخانىسىنىڭ ئىككى ئېغىر كېسەللەر رايونىغا ئورۇنلىشىپ، خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

## پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش

يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، داۋالاش ئەترىتى ۋاقىتلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇردى ھەم ئۈچ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئاتلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

گې شياۋخۇ يۈك ـ تاقلىرىنى تاشلاپلا بارلىق ئەترەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ مۇداپىئەلىنىش قاتارلىقلار بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى. داۋالاش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، داۋالاش، پەرۋىش قىلىش، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى ئىلمىي بېكىتتى ھەم داۋالاش بۆلۈمى، پەرۋىش بۆلۈمى قۇردى.

كېسەللەر رايونىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، گې شياۋخۇ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەر رايونىنى قىزىل، سېرىق، يېشىل رايونلارغا ئايرىپ، ئاغرىقلارنى رايونغا ئايرىپ باشقۇردى؛ كۆپ پەن مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىكتە دىياگنوز قويۇش كوللېكتىپى، ECMO گۇرۇپپىسى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش گۇرۇپپىسى قاتارلىق تېخنىكا كوللېكتىپلىرىنى قۇردى؛ ئۈچ دەرىجىلىك بىرلىكتە دىياگنوز قويۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئۈچ دەرىجىلىك ياتاق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى؛ گۇمانىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەربىر ئاغرىقنى بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ باھالاپ، ئەڭ ياخشى داۋالاش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم دىياگنوز قويۇش، داۋالاش كۆرسەتمىسى ۋە ئاغرىق مەسىلىنى باشقۇرۇش قائىدىسى بويىچە قايتا ـ قايتا تەربىيەلەش ئېلىپ باردى.

دىياگنوز قويۇش، داۋالاش جەريانىدا، گې شياۋخۇ داۋالاش ئەترىتىنى باشلاپ بىر يۈرۈش ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ھەم رەتلەپ، ئاغرىقلارنىڭ كېسىلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بالدۇر بايقاشقا قولايلىق ياراتتى. ئۇ ئەترەت ئەزالىرىنى داۋالاش جەريانىدا ئاغرىقلارغا تېخىمۇ كۆپ ئادەمىيەت غەمخورلۇقى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «كلىنىكىلىق دىياگنوز قويۇپ داۋالاش + پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش» قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاغرىقلارنى ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىدى.

54 كۈن، ئەڭ خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەرنى ئايرىش رايونىدا، گې شياۋخۇ ۋە ئەترەت ئەزالىرى قەيسەر ئىرادىسى، كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكىسى ۋە سەممىي ئادەمىيەت غەمخورلۇقى ئارقىلىق نۇرغۇن ھاياتلىقنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.

## پولاتتەك ئەزىمەتنىڭ مۇلايىملىقى

گې شياۋخۇ ئەترەت ئەزالىرىغا ناھايىتى كۆيۈنەتتى، ئۇ دائىم ئەترەت ئەزالىرى بىلەن سىردىشاتتى، بەزى ياش ئەترەت ئەزالىرىدا پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش بولغانلىقنى بايقىغاندا، ۋاقتىدا يېتەكلەيتتى.

«ئۇ چاغلاردا ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قىزىل رايونغا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتەتتى.» دېدى گې شياۋخۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئەسلەپ.

ئۇ ۋاقىتلاردا ۋۇخەننىڭ ھاۋا رايى دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى، دائىم قار ـ يامغۇرلۇق ھاۋا رايى كۆرۈلەتتى. «شىمالدا قىشنى پار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئەترەت ئەزالىرى سوغۇق جەنۇبقا كەلدى، كېسەلخانىدا قوغدىنىش كىيىمى كىيىپ خىزمەت قىلغاچقا تەرلەپ كېتەتتى، يېنىپ چىققاندىن كېيىن سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم» دېدى ئۇ.

بەزىدە ئەترەت ئەزالىرى ۋاقتىدا ئىشتىن چۈشەلمىسە، گې شياۋخۇ تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاشخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەربىر ئەترەت ئەزاسىنىڭ سائەت قانچىدە ئىشتىن چۈشۈشىدىن قەتئىينەزەر ئىسسىق تاماق يېيەلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئەترەت ئەزالىرى ھەر كۈنى مېۋە ـ چېۋە بىلەن ئوزۇقلۇق تولۇقلىدى، يەنە يۇرتىنىڭ پولۇسىنىمۇ يېيەلىدى… بۇ «چوڭ ئائىلە باشلىقى» ئائىلىنىڭ بارچە بىرىنچى سەپتىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

خۇبېيغا ياردەم بېرىشتىكى ئەڭ چوڭ نەتىجە تىلغا ئېلىنغاندا، گې شياۋخۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن «بىر قوشۇن چېنىقىپ چىقتى»، دېدى. «7 ـ ئايدىكى ئۈرۈمچىدىكى يۇقۇم ۋە 10 ـ ئايدىكى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇقۇمدا، بۇ قوشۇن ئۆز خىزمەت ئورنىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.» 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئەمدىلا بېيجىڭدىن مۇكاپات ئېلىپ قايتىپ كەلگەن گې شياۋخۇ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە داۋاملىق ئاتلاندى، ئۇ مۇنداق دېدى: «سانسىزلىغان دوختۇر ـ سېستىرالار خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان ‹تۆۋرۈك› بەرپا قىلدى، مەن داۋاملىق بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھىنى مەڭگۈ دەۋر نۇرىغا چۆمۈلدۈرىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بەختلىك تۇرمۇشقا ئۇلاشتۇق، قەلبىمىز مىننەتدارلىققا تولدى» دېدى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ گۈزەل ئىشچى ـ خىزمەتچى، گۋاڭدۇڭ دۇڭگۇەن لۇجوۋ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى پاشاگۈل كېرەم ھاياجانلانغان ھالدا، «دۆلەت ياخشى بولسا، كۆپچىلىكمۇ ياخشى بولىدۇ. يېڭى دەۋردىكى كەسىپ ئىشچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۆز غايەمنى دۆلەتنى بېيىتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشكە سىڭدۈرۈپ، خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئىنتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمەن».

مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شېنخۇا شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋۇدۇڭ كۆمۈر كېنىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى مەمتېلى روزى مۇنداق دېدى: «كۆمۈرچىلىك ساھەسىنىڭ ئۇچۇرلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش سەۋىيەسى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتىدۇ، تېخنىكا تايانچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى يېتىلدۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك ۋە ئىجاد قىلىشقا تايىنىپ كارخانىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمەن».

مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لياڭ شياۋلىڭ 35 يىلدىن بۇيان ئىزچىل كۆممىقوناق سورتىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، بۇ قېتىم دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، ئۇ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر، زور، بۇرچىنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆمۈربويى ئۆگىنىپ، تەتقىقات سەۋىيەمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەلا سورت يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمەن.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: تىنچ، ئىناق، باي، گۈزەل ئاقسۇ مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئەمگەكچىنىڭ ئەجرى ۋە ئىجادىيىتىگە تايىنىدۇ. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى قوغداپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئورتاق يارىتىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كەسپىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چياۋ پېڭچېڭ مۇنداق دېدى: بىز كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، زور تۈركۈمدىكى يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر ۋە تېخنىكا، ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى تېزدىن تەربىيەلەپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىنى ماھارەتكە تايىنىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ماھارەتكە تايىنىپ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش يولىدا ماڭدۇرىمىز.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇكېرىم رېھىم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەمگەك ۋە ماھارەت مۇسابىقىسىنى كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، غايىلىك ۋە ئېتىقادلىق، تېخنىكا بىلىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتالايدىغان، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان زور كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇپ چىقىمىز، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىمىز.

«ئەمگەك بارلىق بەختنىڭ مەنبەسى. باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى كۈچكە تولدۇردى.» باي ناھىيەسىدىكى يەككە سودا ـ سانائەتچى ماھىرە پولات مۇنداق دېدى: «مەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، بازار ماركېتىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىمنى كېڭەيتىپ، ئاچا ـ سىڭىللارنى يېتەكلەپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىمەن».

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۇا، جاڭ رۇيلىن، جېڭ جو، لىيۇ شياڭ، جاڭ جىلى، لى چۈنشيا، جەزىرە نېسىپبېك)**